# مېنى ئەمەل قىلسام جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەپ بولىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويسىلا؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلغىن، پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلغىن، ماللىرىڭنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلغىن، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتقىن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر سەھرالىق كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مېنى ئەمەل قىلسام جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەپ بولىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويسىلا؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلغىن، پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلغىن، ماللىرىڭنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلغىن، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتقىن» دېدى، ئۇ كىشى: مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلمايمەن دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشىگە قاراپ خۇرسەن بولۇشنى خالايدىغان كىشى بۇ كىشىگە قارىسۇن»دېدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

سەھرالىق بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان بىر ئىشقا يېتەكلەپ قويۇشنى سورىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جاۋاپ بېرىپ: جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن قۇرتۇلۇش: ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن يەككە-يىگانە دەپ ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىسلام ئاساسلىرىنى ئادا قىلىشقا توختىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا بەندىسىگە بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىشنى پەرز قىلغان بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇش. ئاللاھ تائالا مېلىڭىزدىن ئادا قىلىشقا بۇيرىغان زاكاتنى ھەقلىق بولغانلارغا تولۇق بېرىش. رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى ۋاقتىدا تولۇق تۇتۇش. ئۇ كىشى: مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! مەن سىلىدىن ئاڭلىغان پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتمەيمەن دېدى. ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشىگە قاراش بىلەن خۇرسەن بولىدىغان كىشى بۇ سەھرالىق كىشىگە قارىسۇن»دېدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3689